# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەپاتتىن مۇزدەلىپىگە قايتقاندا قانداق ماڭاتتى؟، «ئالدىرىماي ماڭاتتى، كىشىلەر ئاز جايلاردا تېز ماڭاتتى» دېدى

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بىرسى ئۇنىڭدىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەپاتتىن مۇزدەلىپىگە قايتقاندا قانداق ماڭاتتى؟ دەپ سورىدى، ئۇسامە: «ئالدىرىماي ماڭاتتى، كىشىلەر ئاز جايلاردا تېز ماڭاتتى» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەپاتتىن مۇزدەلىپىگە قايتقاندا ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ بىرگە قايتقان ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ماڭغانلىقىنى ياخشىراق بىلەتتى، ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سورالغاندا ئۇ: «ئادەم كۆپ جايلاردا كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالدىرىماي ماڭاتتى، ئادەم يوق جايلاردا ئىتتىك ماڭسىمۇ ئەزىيەت بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن سەل تېز ماڭاتتى» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4539

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee